# مەن كول بويىدا تۇرۇپ سىلەردىن مېنىڭ يېنىمغا كېلىدىغانلارغا قارايمەن، كىشىلەر مېنىڭ يېنىمغا كىلىشتىن بۇرۇن تۇتىلىدۇ، مەن: ئى رەببىم! ئۇلار مەندىن ۋە مېنىڭ ئۇممىتىم!

ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن كول بويىدا تۇرۇپ سىلەردىن مېنىڭ يېنىمغا كېلىدىغانلارغا قارايمەن، كىشىلەر مېنىڭ يېنىمغا كىلىشتىن بۇرۇن تۇتىلىدۇ، مەن: ئى رەببىم! ئۇلار مەندىن ۋە مېنىڭ ئۇممىتىم! دەيمەن، ماڭا: ئۇلارنىڭ سېنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى تۇيدۇڭمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم! ئۇلار دائىم دىندىن يېنىۋالغانلار، دېيىلىدۇ».
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئۇممىتىدىن كۆلگە سۇ ئىچكىلى كىلىدىغانلارغا قاراش ئۈچۈن كۆلنىڭ ئەتراپىدا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. كىشىلەر كۆلگە كېلىپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا يېقىن كەلگىلى تۇرغاندا ئۇلار تۇتىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ مېنىڭ يېقىنلىرىم، ئۇلار مېنىڭ ئۇممىتىم دەيدۇ. ئۇلارنىڭ سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلدىڭمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم! ئۇلار دائىم كەينىگە قايتىپ، دىندىن يېنىۋالدى، ئۇلار سېنىڭ يېقىنلىرىڭمۇ ئەمەس ۋە سېنىڭ ئۇممىتىڭدىنمۇ ئەمەس دېيىلىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65031